# تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ، تېخىمۇ قەيسەر ئىرادە، تېخىمۇ كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ خۇبېي ۋە ۋۇخەندىكى يۇقۇم ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. دىتەن دوختۇرخانىسىنىڭ يىراق مۇساپىلىك دىياگنوز قويۇش، داۋالاش مەركىزىدە، شى جىنپىڭ ۋۇخەن شەھىرىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالاۋاتقان جىنيىنتەن دوختۇرخانىسى، شېيخې دوختۇرخانىسى، خوشېنشەن دوختۇرخانىسىدىكىلەر بىلەن سىنلىق كۆرۈشۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى تېببىي خىزمەتچىلەر، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك بىلەن كۈچ سىنىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، پارتىيەگە، خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر چوقۇم چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە جاپاغا چىدايدىغان، ئالاھىدە كۈرەش قىلالايدىغان روھنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇرۇش سېپىدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا ئاتلىنىپ، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

ئارقىدىن شى جىنپىڭ يىراق مۇساپىلىك دىياگنوز قويۇش، داۋالاش مەركىزىدە سىن يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى سۈن چۈنلەن، خۇبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جياڭ چاۋلياڭنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى، خۇبېي قوماندانلىق ئىشتابىغا ۋاكالىتەن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، خۇبېيدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىغا سەممىي سالام يوللىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە ھەرقايسى سەپتىكى يولداشلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا بەختكە قارشى كېسەل بىلەن قازا قىلغان ئاممىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، كېسەل بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، كېسەل بىلەن قازا قىلغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خۇبېي، بولۇپمۇ ۋۇخەندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاڭلىق ھەرىكەت قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇردى، ھەرقايسى جايلاردىن خۇبېي ۋە ۋۇخەنگە ياردەم بېرىشكە بارغان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ھەم ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خادىملار قانچە جاپالىق بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك قورقماس ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى. كۆپچىلىك نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى خۇبېي ۋە ۋۇخەن خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى ۋۇخەنگە ئەۋەتكەنلىكى ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىنىڭ خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلغانلىق، ھەم خۇبېي خەلقى ۋە ۋۇخەن خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانلىق. ۋۇخەن قەھرىمان شەھەر، خۇبېي خەلقى، ۋۇخەن خەلقى قەھرىمان خەلق بولۇپ، تارىختا ئەزەلدىن قىيىنچىلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتكە باش ئەگمىگەن، يولداشلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يەڭگەندىلا، بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خۇبېي ۋە ۋۇخەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىمنىڭ مۇھىمى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان جاي. ۋۇخەن غەلىبە قىلسا خۇبېي غەلىبە قىلىدۇ، خۇبېي غەلىبە قىلسا، پۈتۈن مەملىكەت غەلىبە قىلىدۇ. ھازىر، خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، سالمىقى تېخىمۇ زور بولغان، تېخىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراپ كېتىش ۋەزىيىتىنى توسۇش كېرەك. بىرىنچى، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەنبەدىن تىزگىنلەش، تارقىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى. تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كېسەل كارىۋىتىنى تېزدىن كۆپەيتىپ، چاسا بۆلمە دوختۇرخانىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مېھمانساراي، تەربىيەلەش مەركىزى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئايرىۋېتىش كېسەل كارىۋىتىنى كۆپەيتىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاغرىقلارنى قوبۇل قىلىپ داۋالاش كېرەك. ئىككىنچى، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش لايىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، جۇڭگىيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كلىنىكىلىق داۋالاشتا ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى دورىلارنى تاللاپ تەتقىق قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، جەمئىيەت باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش داۋامىدا كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەتراپلىق، ئىنچىكە بولۇپ، تۇرمۇش كاپالىتى، داۋالاش - قۇتقۇزۇش، پسىخىكىلىق تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى جايىدا ئىشلەپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. تۆتىنچى، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، خۇبېي ۋە ۋۇخەنگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىشتەك ئۇلۇغ سۆيگۈ روھىنى تەشۋىق قىلىپ، بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار قاتارلىقلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچنى قەتئىي چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتەك كۈچلۈك ئىرادىسىنى نامايان قىلىش كېرەك. نوپۇزلۇق ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلگەنگە ئاشكارا، ئېنىق ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىۋى پىكىر ئارقىلىق يېتەكلەشنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرى تەشۋىقات - تەربىيەسىنى زورايتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە يېتەكلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزى مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق رايونلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇشى، گوۋۇيۈەن بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ماسلاشتۇرۇش - ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋۇخەن قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئالدىن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مەركەز يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە ھەم يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەم نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك. خۇبېي ۋە ۋۇخەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى 1 - دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قىلىپ، ھەرقايسى شەھەر، ئوبلاست ھەم ناھىيە، يېزىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ كۈچەيتىپ، قوماندانلىق سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشى، ئىنكاسى كەسكىن، تېز بولۇشى، ئايلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك بولۇشى، ئىجرا قىلىشى قەتئىي، كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەڭ تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش كېرەك، ئۇلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىنتايىن جاپا تارتتى، بەزى تېببىي خادىملار بەختكە قارشى ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىپ، بەزىلىرى ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، مېھرىبان دوختۇر بولۇشتەك ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، مۇنەۋۋەر تىپلارنى ۋە ئىلغار ئىش ئىزلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تۇرمۇش، بىخەتەرلىك، ئادىمىيەت غەمخورلۇقىنىڭ ھەممىسىگە جايىدا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىر مەيدان خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى كەسكىن كۈرەش. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىنچىكە تۇتۇشى، ئەمەلىي تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىرىنچى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى، ھەربىر ھالقىنى جايىدا قىلىشى كېرەك. ئېغىر، زور سىناق ئالدىدا، كادىرلارنى تېخىمۇ تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، دادىل ئىشلىتىش كېرەك؛ ئىستىلى تۇراقسىز، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن، مەسئۇلىيىتىنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش - تارتىش قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئاممىنى كەڭ دائىرىدە سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

دىتەن دوختۇرخانىسىدىن ئايرىلىپ، شى جىنپىڭ چاۋياڭ رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، چاۋياڭ رايونىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركەزلىرىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق چوڭ سىناق. بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ھەم ياخشى روھىي ھالەت ۋە كۆرۈنەرلىك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، ھەم نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەرنى ئاشكارىلاپ بەردى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېما قۇرۇلۇشىنى بىر تۈرلۈك تۈپ قۇرۇلۇش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىختىساسلىقلىرى، پەن تەتقىقات كۈچلىرى، قانۇن چىقىرىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ يىغىن زالىدا، شى جىنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بېيجىڭ پايتەخت بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور، قەتئىي قىلچە بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ھالقىنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقۇمنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسىنى كونترول قىلىش كېرەك. ھازىرقى جىددىي ۋەزىپە چاغاندىن كېيىن بېيجىڭغا قايتىپ كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىش، يۇقۇمنىڭ يامراش خەۋپ - خەتىرىنىڭ تېز كۈچىيىپ كېتىش ۋەزىيىتىگە قارىتا، قاراتمىلىق ھالدا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشتا چىڭ تۇرۇپ، قويۇق ئۇچراشقانلارنى ئىمكانقەدەر بىرتۇتاش مەركەزلەشتۈرۈپ تېببىي كۆزىتىش كېرەك. مەھەللە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسىلىنى بايقىغان ھامان دەرھال دوكلات قىلىش كېرەك. چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، يۇقۇم مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئورۇنلىرىدىكى خادىملار ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ ھەممىسىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى يۆتكەپ تەقسىم قىلىشنى قولىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى كۈچەيتىپ، نەتىجىلەرنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، جۇڭگىيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەۋزەل داۋالاش كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك داۋالاش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. دەرىجىگە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى يولغا قويۇپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلاردىن قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېغىر، خەتەرلىك كېسەللىك مىساللىرىنى مەركەزلىك قۇتقۇزۇش، داۋالاش، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش، داۋالاش كېرەك، بولۇپمۇ ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، بوۋاقلار، بالىلار قاتارلىق كېسەللىك مىساللىرىغا يېقىندىن دىققەت قىلىش كېرەك. يۈزبېرىش ئېھتىمالى بار ناھايىتى ئېغىر ئەھۋاللارغا قارىتا تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، دوختۇرخانىلارنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش، كېسەل كارىۋىتىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، قوبۇل قىلىپ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات يۇرتلىرى ۋە ئورۇنلىرى، كارخانىلارنى پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللەپ، ئالاقىدار تەجرىبە دورىسى، ۋاكسىنا، دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، بالدۇرراق بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە يۇقۇمغا توسۇپ زەربە بېرىش ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى بەرپا قىلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاممىنى يۇقۇمغا توغرا ئىدراكىي مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۆزى مۇداپىئە قىلىش ئېڭى ۋە مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلار ۋە ئاممىۋى پىكىر دىققەت نۇقتىسىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك. سۇ، توك، گاز، ئىسسىقلىق قاتارلىق شەھەر «ھاياتلىق لىنىيەسى»نى قوغداشنى كۈچەيتىپ، شەھەرنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، تاۋارلارنى بېسىپ قويۇپ ھايانكەشلىك قىلىش، توپلاشقىدىن توقاچ ئوغرىلاش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە كۆرۈلگەن تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاقىچە ياخشىلىنىش ئاساسىي تەرىپىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى، يۇقۇم زەربىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈش كېرەك، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەك. ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقۇمنىڭ ئىقتىسادقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تۆۋەنلىتىپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاش كېرەك. قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېڭى تۈرلەردە ئىش باشلاشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئاھالە ئىستېمالىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تور ئىستېمالىنى راۋاجلاندۇرۇپ ساغلاملىق تۈرىدىكى ئىستېمالنى كېڭەيتىش كېرەك. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە چوڭراق ئۇچرىغان كارخانىلارنى پۇل مۇئامىلە، ئادەم ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. يۇقۇم قانچە يۈز بەرگەنسېرى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە شۇنچە دىققەت قىلىش، بولۇپمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، خادىملارنى كەڭ كۆلەمدە قىسقارتىشنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار، بېيجىڭدىكى ھەرقايسى مەركەز كارخانىلىرى ۋە قىسىملار پايتەختنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پائال قوللىشى، ماسلىشىشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، تەڭشەش - تەقسىملەشنى كۈچەيتىپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ماددىي ئەشيالارنى ۋاقتىدا تارقىتىپ تولۇقلىشى كېرەك. بېيجىڭدىكى داۋالاش بايلىقلىرى، داۋالاش كۈچلىرىمۇ بىرتۇتاش پىلانلاش مېخانىزمى ئورنىتىشى، بېيجىڭدىكى مەركەز ئورۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، شياۋ جيې، جاۋ كېجى ۋە دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەكشۈرۈشتە بىللە بولدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تېخىمۇ كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىغا چىڭ تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەكلىكىنى گەۋدىلىك تەكىتلىدى.

بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كۈچىنىڭ بارىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى بويىچە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. خۇبېي، بولۇپمۇ ۋۇخەندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاڭلىق ھەرىكەت قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇردى، ھەرقايسى جايلاردىن خۇبېي ۋە ۋۇخەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارغان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ھەمدە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خادىملار قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك قورقماس ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى مۇجەسسەملەندى.

ھازىرقى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن يۇقۇم ۋەزىيىتى ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە ئىنچىكە تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىشى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى، ھەربىر ھالقىنى دەل جايىدا قىلىشى كېرەك. كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ئالاھىدە جاپاغا چىدايدىغان، ئالاھىدە كۈرەش قىلالايدىغان روھنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇرۇش سېپىدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەھەللىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى توسۇپ زەربە بېرىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچلىرىنى مەھەللىلەرگە يۈزلەندۈرۈپ، مەھەللىلەرنىڭ تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بارلىق مەھەللىلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ مۇستەھكەم قورغانىغا ئايلاندۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ خەلق مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىش كېرەك. تەشۋىقات - تەربىيە ۋە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە يۇقۇمغا توسۇپ زەربە بېرىدىغان ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان، قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يېڭىدىغان قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

«ۋۇخەن غەلىبە قىلسا خۇبېي غەلىبە قىلىدۇ، خۇبېي غەلىبە قىلسا پۈتۈن مەملىكەت غەلىبە قىلىدۇ.» خۇبېي ۋە ۋۇخەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان جاي، تېخىمۇ زور سالماق، تېخىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت باشقۇرۇش، تىزگىنلەشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. بېيجىڭ پايتەخت بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور، قەتئىي قىلچە بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ھالقىنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقۇمنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تىزگىنلەش كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا بوران - چاپقۇندىن، خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى بار، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەرنى يېڭىش ئىشەنچى، ئىقتىدارى بار. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، خەلق ئاممىسىغا چىڭ تايىنىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يەڭگەندىلا، بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ليۇ ئەپەندى مۇنداق دېدى: «ھازىر بەدىنىمگە كۈچ كىرگەندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، سىرتقا چىقىپ ئىككى مەيدان يۈگۈرۈپ كىرگۈم بار».

كېسىلى ياخشىلانغان بىرقانچە ئاغرىق ئىچىدىكى گۇ ئەپەندىنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ بولۇپ، بۇ يىل 52 ياشتا. ئۇزاق مەزگىل ۋۇخەندە خىزمەت قىلغان گۇ ئەپەندى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشىگىلا ئازراق قىزىشقا باشلىغان، كېيىن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلۇپ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا كىرىپ داۋالانغاندى.

گۇ ئەپەندىنىڭ بالىلىرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ سېستىرالارغا بەك ئىچى ئاغرىدى، «ئۇلار شۇنداق باتۇر، شۇنداق قەيسەر ئىكەن، مەن ھەر كۈنى ئاغرىقلار كىيىمىدىمۇ ئىسسىپ كېتىمەن، بۇ بالىلار قېلىن مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، يەنە تېخى ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپلا يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى بەك جاپالىق ئىكەن!»

كېسەل ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى يان تېلېفونىدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى كۆردى، كامېرا ئالدىدا گۇ ئەپەندى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن پەقەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە، قۇدرەتلىك ۋەتىنىمىزگە، بۇ تېببىي خادىملارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن بىزنى يۇقۇمدىن توسۇپ قالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىماقچى، بىز قورققۇدەك نەرى بار، بىز چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز!»

بىرنەچچە ئاغرىقنىڭ كېسەل ئەھۋالىنىڭ تەدرىجىي ياخشىلىنىشىنىڭ كەينىدە، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ جاپالىق ئەجرى بار، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت دەرھال پۈتۈن شىنجاڭدىكى داۋالاش، سەھىيە ساھەسىدىن ئېغىر كېسەل، نەپەس يولى، يۇقۇملىنىش، پەرۋىش قىلىش، جۇڭگىيى تېبابىتى قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەرگە چېتىلىدىغان 55 مۇتەخەسسىسنى ئاجرىتىپ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كلىنىكىلىق داۋالاشنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش لايىھەسى بىلەن تەمىنلەپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزدى، داۋالىدى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىدىكى 150 نەچچە تېببىي خادىم قۇتقۇزۇش - داۋالاشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئۇدا كۈرەش قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى سۇڭ يۈشيا مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە ئاغرىقلارنىڭ كلىنىكىلىق كېسەللىك ئالامىتى، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈش نەتىجىسى، رېنتگېن تەكشۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق تەھلىل ۋە ھۆكۈم قىلغاندا، كۆپ ساندىكى ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە ئاغرىقنىڭ ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق نوكلېئىك كىسلاتا تەكشۈرۈشى بىردەك مەنپىي چىقسا، ئۆپكە قىسمىدىكى كېسەل ئوچىقىنىڭ سۈمۈرۈلۈشى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ ‹يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 5 - نۇسخىسى)›نىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلسە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆزىتىلگەندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ ئاساس مائارىپى بايلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى، شىنجاڭ مائارىپ پەنلەر تەتقىقات يۇرتى تور سۇپىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىرتۇتاش سۈرەتكە ئالغان دەرسلەر ماس قەدەمدە كۆرسىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت دەرسخانىسىمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىپ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك دەرسلىرى ۋە ئوقۇتۇش بايلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئۆيىدە كومپيۇتېر ياكى تاختا كومپيۇتېر قاتارلىق تېرمىنال ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ تورغا چىقىپ كۆرۈپ ئۆگەنسە بولىدۇ. دەرس سېتكىسى شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئاساس مائارىپى بايلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى (http://edu.xjcxedu.com)، شىنجاڭ مائارىپ پەنلەر تەتقىقات يۇرتى تور سۇپىسى(http://jky.xj.edu.cn) قاتارلىق تاراتقۇلار ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارغا ئېلان قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تور سىرتىدا يىغىلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، ئائىلىدىن چىقماي ئۆگىنىشنى تەكىتلىدى. 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن بۇرۇن، ھەرقايسى جايلاردىكى مەكتەپلەر يېڭى مەۋسۇملۇق دەرسنى توردا ئوقۇتۇشنى مۇددەتتىن بۇرۇن باشلىسا بولمايدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى مائارىپ تارماقلىرى تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۆيدىن چىقماي توردا تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمايدىغان، چەكلىسىمۇ بويسۇنمايدىغان قىلمىشلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)